# ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىن جۇڭگونىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ

□ جۇڭ شېڭ

«زىچ جاكارلانغان بىر قاتار ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش تەدبىرلىرى جۇڭگونىڭ ئۈزلۈكسىز دەرىجىسى ئۆسۈۋاتقان جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا سۈركىلىشى ئالدىدىمۇ، يەنىلا سىرتقا ئېچىۋېتىش مۇساپىسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى» «بېيجىڭ قوشنا دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەرگە: جۇڭگو سودا ئىشلىرىغا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن» دەپ سىگنال تارقاتتى... يېقىندا، جۇڭگو ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش تەدبىرلىرىنى زىچ ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك دىققىتىنى تارتتى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئارقا كۆرۈنۈشىدە، جۇڭگو ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشتىكى ئېنىقلىقى بىلەن تاشقى مۇھىتتىن كەلگەن ئېنىقسىزلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئەركىن سودىنى قوغداش، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە لايىھەسىنى تەقدىم قىلدى.

يېقىنقى بىر ئايدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئاياغ تىۋىشى تېخىمۇ پۇختا، كۈچلۈك بولدى. شېنجېن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئالدىن يولغا قويۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشقا قەدەم باستى؛ شاڭخەي ئەركىن سودا رايونىنىڭ لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى؛ شەندۇڭ، جياڭسۇ، گۇاڭشى، خېبېي، يۈننەن، خېيلۇڭجياڭدىن ئىبارەت ئالتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئالتە ئەركىن سودا سىناق رايونىغا رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىلدى؛ مەركەز مالىيە كومىتېتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئېچىۋېتىش ـ ھەمكارلىق داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا، تېخىمۇ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈش تەكىتلەندى؛ گوۋۇيۈەن ئوبوروتنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇپ سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى «بىرىكمە مۇشت»نى ئوتتۇرىغا قويدى... تەرەققىيات بوشلۇقى كېڭەيتىلىپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى قويۇپ بېرىلىپ، جۇڭگونىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇنيا بىلەن پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىلىنىش ئىرادىسى نامايان قىلىندى.

جۇڭگو ئىقتىسادى دۇنياغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، كەڭ دائىرىلىك ئاكتىپ ئىنكاسقا ئېرىشتى. سودا مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل ئالدىنقى يەتتە ئايدا، جۇڭگو يېڭىدىن تەسىس قىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 24 مىڭدىن ئېشىپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى 530 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلى بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.3% ئاشقان. گېرمانىيە، كورېيە، ياپونىيە، گوللاندىيەنىڭ جۇڭگوغا سالغان مەبلىغى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 72.4%، 69.7%، 12.6%، 14.3% ئاشقان، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئەمەلىي سالغان چەت ئەل مەبلىغى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.3% ئاشقان؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ئەمەلىي سالغان چەت ئەل مەبلىغى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5% ئاشقان... ئەمەلىي سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە ئىشىنىپ، ئۇنى قوللاپ، داۋاملىق جۇڭگو بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالايدىكەن. ئامېرىكىدىكى «ئاتلانتىك ئوكيان ئايلىق ژورنىلى» تور بېكىتىنىڭ ماقالىسىدە خورسىنغان ھالدا: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «دۇنيادىكى باشقا جايلارنى ئۈزلۈكسىز ئىتتىرىۋاتىدۇ، جۇڭگو تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇۋاتىدۇ» دېيىلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ئاچقۇچلۇق تەدبىر. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇنداق چوڭ دۆلەتكە خاس كۆڭۈل ـ كۆكسى تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، مەيلى خەلقئارا مۇھىتتا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگونىڭ ئۆز رىتىمى ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ، جۇڭگونىڭ ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ.

(2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداش

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، چاۋشيەندە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نى توپلاپ قوراللىق ئارىلاشتى ھەم دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 7 ـ پاراخوت ئەترىتىنى ئەۋەتىپ جۇڭگونىڭ تەيۋەن دېڭىز بوغۇزىغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغان ئامېرىكا ئارمىيەسى 38 ـ پاراللېلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يالۇجياڭ دەرياسىغا قىستاپ كەلدى ھەم ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال چېگراسىنى بومباردىمان قىلىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سالدى. شۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك جىددىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك قارارنى چىقاردى.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن چاۋشيەن جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ، چاۋشيەن خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى، 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، يەتتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئىلگىرى ـ كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»گە قارشى بەش قېتىملىق چوڭ جەڭ ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ جەمئىي 230 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، جەڭ سېپىنى 38 ـ پاراللېل ئەتراپىدىكى رايونلاردا مۇقىملاشتۇردى. بۇ مەيدان ئۇرۇشتا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىدىن سانسىزلىغان قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى: لو شېڭجياۋ، خۇاڭ جىگۇاڭ، ياڭ گېنسى، چيۇ شاۋيۈن...چاۋشيەن خەلقى ئۈچۈن، ئىنتېرناتسىيونالىزملىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوغلى ماۋ ئەنيىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قەھرىمان چاۋشيەن زېمىنىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىشى بىلەن بىللە، دۆلەت ئىچىدە داغدۇغىلىق ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قوزغالدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى خەلق بەس ـ بەستە ھەربىي سەپكە كىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئايروپىلان، زەمبىرەك ئىئانە قىلدى، پىدائىي قىسىمدىن ھال سورىدى، ۋەتەننى سۆيۈش ئەھدىنامىسى تۈزدى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا كۈچلۈك ياردەم بەردى.

1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، چاۋشيەن ئۇرۇشى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىش، بىر تەرەپتىن سۆھبەتلىشىش» باسقۇچىغا كىردى. ئىككى يىل تىركىشىش ئارقىلىق، ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا ئۇلۇغ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشى تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ھەققانىي ھەرىكەت. بۇ مەيدان ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى يەڭگىلى بولمايدۇ، دېگەن ئەپسانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئىناۋىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي ئىشەنچى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈردى، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى مىسلىسىز ئۆسۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن نىسبەتەن مۇقىم تىنچ مۇھىت قولغا كەلتۈرۈلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى 2016 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاپچال ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىلىنما تەرەققىيات شىركىتىنى قۇرۇپ، 300 مىڭ مو قاقاسلىقنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزىدى ۋە ئۇنى ئېكولوگىيەلىك ئاچتى، شۇ جايدىكى 330 ئائىلىلىك نامرات ئاھالە كۆچەت باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ھەربىر كىشىنىڭ ئايلىق مائاشى 3000 يۈەن بولدى. بۇ شىركەتنىڭ ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئورمان بىنا قىلىش بازىسىدا، شۆھرەت زاكىر خادىملارنى تەربىيەلەش، نامرات ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلارنى يۆلەش كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان ئۈزۈمبۇلاق يېزا مەھەللىسى، نىلقا ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسى توپچىن كەنتىنىڭ باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش مەھەللىسىدە، شۆھرەت زاكىر كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئائىلىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، كەسىپ تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە قان ئىشلەش فۇنكسىيەسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شىنجاڭ تيەنيۈن ئورگانىك يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتى 2017 ـ يىلى نىلقا ناھىيەسىدىكى چۈەنيىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭ يۈشۈيچىڭ يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، بۇ ناھىيەنىڭ قاراسۇ يېزىسىدىكى 609 ئائىلىدىكى نامرات ئاھالىنى پاي قوشۇشقا جەلپ قىلدى، ھازىر پاي قوشقان ھەربىر نامرات ئائىلىگە 6000 يۈەن پايدا ئايرىپ بېرىلدى. شۆھرەت زاكىر بېلىق پىششىقلاش ئاقما لىنىيەسىنى كۆزدىن كەچۈردى، كارخانا تەرەققىياتى ۋە نامرات ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى چىڭ تۇتۇپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەسىر كۆرسىتىش ئۈنۈم ئېففېكتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كارخانىلار ئەتراپىتىكى كەسىپ بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كارخانىلار بىلەن دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى، دېھقان ئائىلىلىرى كەسىپلىرىنىڭ پايدىدىن ھەمبەھرلىنىش مېخانىزمىنى ئورتاق قۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانىنى تەرەققىيات داۋامىدا پايدىغا ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئارام ئېلىۋېلىش، تىنىۋېلىش ئىدىيەسىنى قەتئىي يېڭىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش كېرەك. قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىغان نامرات ناھىيە، نامرات كەنتلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك. شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، ھەقىقىي تۈردە ئىستىلنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىشى، غەلىبە قىلىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆممىقوناق يىغىۋېلىش، پاختا يىغىۋېلىش، قالدۇق يوپۇقنى يىغىۋېلىش قاتارلىق ئاجىز ھالقىلاردا، ئالدىن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ سانىنى تېز ئاشۇرۇپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدار سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. ئۈسكۈنە زاپىسى كۆپ، ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەشغۇلات ھالقىسىدا، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، ئېغىر بۇلغىملىق، تۆۋەن ئۈنۈملۈك كونا، ئەسكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى بىراك قىلىپ يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 30 ئات كۈچىدىن يۇقىرى تراكتور 290 مىڭغا، پاختا يىغىش ماشىنىسى 1330غا يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بۇلغىما قويۇپ بېرىش سەۋىيەسى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش ـ يىغىۋېلىشنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى 84.68%كە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى 68%كە، بۇغداي تېرىش ـ يىغىۋېلىشنى ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى 98.2%كە، كېۋەز تېرىش ـ پاختا يىغىۋېلىشنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى 80%تىن كۆپرەككە يەتتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى قاتارلىقلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇرۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن 369 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 61.5% نى ئىگىلىدى؛ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ياردەم مەبلىغىدىن 41 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ياردەم مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 41.4%نى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى يۆلەش مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن 5 مىليون 630 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى يۆلەش مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50.04% نى ئىگىلىدى. ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق نۇقتىلىق قوللاپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كېۋەزنى تېمىتىپ سۇغىرىش ـ سۇ بىلەن ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ـ ماشىنىدا يىغىۋېلىش ـ تېرىش ئەندىزىسىنى قوللىنىش كۆلىمىدە يېڭى بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ماشىنىدا يىغىۋېلىش، تېرىش ئەندىزىسى قوللىنىلغان كۆلەم جەمئىي 8 مىليون 186 مىڭ موغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.6% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىلاش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمىتىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 1048گە يەتتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا 18 مىڭ 500 ئەزا، 30 مىڭ دانە(يۈرۈش) ماشىنا ـ ئۈسكۈنە بار، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللىق مۇلازىمەت ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد يۈەن. يەرنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش، يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش، يەرنى ئوبوروت قىلىش، مەشغۇلات مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق تىجارەت مۇلازىمەت كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، مۇلازىمەت كۆلىمى 16 مىليون موغا يېقىنلاشتى.

# قۇربان نىياز، يوۋ لياڭيىڭ شەرەپ بىلەن 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئاق كۆڭۈللۈككە ئىنتىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، بۇ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش، ئەلالىرى ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاش پرىنسىپى بويىچە، قاتتىق، قېلىپلاشقان باھالاش تەرتىپى ئارقىلىق، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى جاڭ فۇچىڭ قاتارلىق 58 يولداشقا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىش، جاڭ جياشىن قاتارلىق 257 يولداشقا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتى بېرىشنى قارار قىلدى.

مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش نەمۇنىچىلىرى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش نەمۇنىچىلىرى، سەمىمىي بولۇش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش نەمۇنىچىلىرى، كەسپىنى قەدىرلەپ ئۆزىنى بېغىشلاش نەمۇنىچىلىرى، چوڭلارغا ۋاپادار بولۇش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈش نەمۇنىچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكەتلىك باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان يوۋ لياڭيىڭ ئون نەچچە يىل ئايرىلماي، ۋاز كەچمەي ئۇيغۇر قېرىندىشى مەمەتتۇرۇپ مۇساققا كېۋەز تېرىش، چىلان ئۆستۈرۈشنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، ئۇنى ۋە كەنتتىكى يۇرتداشلارنى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىسىنى پۈتتى؛ مەملىكەتلىك سەمىمىي بولۇش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان قۇربان نىياز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، بالىلارنىڭ قەلبىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەردىن: سانجى شەھىرى سۈيۈچىن پىدائىيلار مۇلازىمەتچى خىزمەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى سۈيۈچىن، يېڭىشەھەر ناھىيەسى يېڭىشەھەر بازىرى يېڭى شەھەر رايونى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى پەن يۈلىيەن، ئارشاڭ ناھىيەسى كۆك توخا نەسلىلىك چارۋا مەيدانىنىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىسى جاڭ گۇاڭچىن، ئاقسۇ شەھىرىدىكى يەككە سودا ـ سانائەتچى چېن مىڭفا، چۆچەك شەھەرلىك سابىق يېمەكلىك شىركىتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىسى سالىقجان ئىمىن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسىدىكى چارۋىچى چېگرا قوغدىغۇچى لاچىن بايئەكە، تېكەس ناھىيەسىنىڭ بوزدۆڭ چارۋىچىلىق رايونى شىپاخانىسىنىڭ دوختۇرى جۇماتاي ئېبېك، جۇڭگو نېفىت ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە شۆبە شىركىتىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر ۋاڭ جىنيۈن، قۇمۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى لىيۈەن كوچا باشقارمىسى دوستلۇق مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى شى رۇڭخۇا، بىڭتۇەن 1 ـ شى 6 ـ تۇەن 5 ـ لىيەنىنىڭ خىزمەتچىسى چېن شيەنخۇي، شىنجاڭ دېيۈەنشەن سۇدىن، چىرىشتىن ساقلىنىش، ئىسسىقلىق ساقلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن مېيلەن، بىڭتۇەن 3 ـ شى قاغىلىق 2 ـ چارۋىچىلىق مەيدانى 3 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ چيەندۇڭ، بىڭتۇەن 3 ـ شى شوكۆل سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسى يۇڭئەن توسمىسى سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ تېخنىكى سۈن رېنفۇ بولۇپ، جەمئىي 13 كىشى بار.

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەردىن يەنە تيەنجىن شەھىرىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر شى شىمىڭ ۋە ئىچكىرى رايوندىكى شىنجاڭلىق يەككە سودا ـ سانائەتچى ئابدۇللا ئۇراھىم بار. شى شىمىڭ ھايات ۋاقتىدا كېرىيە ناھىيەلىك سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، تيەنجىن شەھىرى جىڭخەي رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى تېخنىكا باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ ئابدۇللا ئۇراھىم جياڭشى ئۆلكىسى نەنچاڭ شەھىرى ئابلاجان يېمەك ـ ئىچمەك باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مەسئۇلى.

بېيجىڭغا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان قۇربان نىياز بۇ قېتىم مەملىكەتلىك شەرەپ زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولغانلىقىنى، ئۇ شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ بالىغا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئەۋج ئالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)